# 176866 ـ مەسىھ قىلىنىدىغان ئاياغنىڭ ھوشۇقنى يېپىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

## سۇئال

ئاياغقا مەسىھ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ باردىم، تۆت مەزھەپ ئالىملىرى: مەسىھ قىلىنىدىغان ئاياغ پۇتنىڭ ھوشۇقىنى يۆگەش ۋاجىپ دەيدۇ. شەيخ ئەلبانىينىڭ كىتابىدا: پۇتنىڭ ھوشۇقىنى ياپمايدىغان ئاياغقىمۇ مەسىھ قىلسا بولىدۇ دەپتۇ، بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىغا زىت كېلىدۇ، ئىشنىڭ توغرىسىنى بايان قىلىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: تۆت مەزھەپ ئالىملىرى: مەسىھ قىلىنىدىغان ئاياغنىڭ يۇيۇش پەرز بولغان ئورۇنلاردىن تاپىنى بىلەن ھوشۇقنى ياپىدىغان بولۇشىنى شەرت قىلدى، ئەگەر پۇتنىڭ ھوشۇقنى ياپمىسا تاھارەتكە ئاساسلانغاندا ھوشۇقنى ياپمايدىغان ئاياغقا مەسىھ قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى پۇتنىڭ ھوشۇقى ئوچۇق بولسا يۇيۇلىدۇ، يېپىلغان بولسا مەسىھ قىلىنىدۇ، ئورنىنى ئالغۇچى بىلەن ئۇنىڭدىن ئورنىنى ئالغۇچىنى (يەنى: بەدەل بىلەن مۇبەددەل مىنھۇنى) بىر ئەزادا جۇغلاش مۇمكىن بولمايدۇ.

خەرشىنىڭ:"مۇختەسەر خەلىل" نىڭ ئىزاھاتى 1-توم 179-بەت، "قەليۇبى ۋە ئەمىرە"نىڭ ئىزاھاتى 1-توم 68-بەت ۋە "پىقھى توپلاملىرى" 37-توم 2634-بەتكە قارالسۇن.

ئىككىنچى: بۇ مەسىلىدە ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى يوق. (ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئۇلار ئارىسىدا پەرقلىق قاراشلار بار. بەزى ئالىملار ھوشۇقنى ياپمايدىغان ئاياغقا مەسىھ قىلسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ قاراشنى ئىبنى ھەزمى ئەۋزائىيدىن بايان قىلغان. تۆت مەزھەپ ئالىملىرى بۇنىڭدىن چەكلىگەن.

"ئەلمۇغنى" 1-توم 180-بەتتە مۇنداق كەلگەن: «ئىككى ھوشۇقنى ياپىدىغان ئۆتۈك ياكى مەيسە قاتارلىق ئاياغلار ياكى ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسىلەرگە مەسىھ قىلسا بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.

ئۆتۈك ياكى مەيسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسە، پۇتتىن يۇيۇش پەرز بولغان ئورۇننى ياپىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن مېڭىش مۇمكىن بولىدىغان ۋە تىكلەپ قويسا تۇرىدىغان نەرسىدۇر، قونچلۇق ئاياغ شوينۇلۇق بولسۇن ياكى پۇتتا ھىم تۇرىدىغان ئاياغ

بولسۇن،  پۈتىدىن يۇيۇش پەرز بولغان ئورۇننى ياپىدىغان بولۇپ، ئىككى ھوشۇق كۆرۈنمىسە بۇنىڭغا مەسىھ قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئىمام شاپىئى ۋە ئەبۇ سەۋر قاتارلىق ئالىملارمۇ شۇنداق دېگەن.

ئۆتۈك ياكى مەيسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسە، ھوشۇقنى ياپمايدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مەسىھ قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇ ئىمام مالىكتىن بولغان توغرا قاراشتۇر. ئىمام مالىكتىن بولغان يەنە بىر قاراشتا ۋە ئەۋزائىيدىن بايان قىلىنىشچە ھوشۇقنى ياپمىغان ئاياغقىمۇ مەسىھ قىلىش دۇرۇس دەپ كەلگەن، چۈنكى ئۇمۇ مېڭىش مۇمكىن بولىدىغان ئاياغ بولغانلىقى ئۈچۈن ھوشۇقنى ياپىدىغان باشقا نەرسىلەرگە ئوخشايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزدا ئۇ، پۈتنى يۇيۇشتىن پەرز بولغان ئورۇننى ياپمايدىغان سايما كەش ۋە يازلىق ئاياغقا ئوخشايدۇ».

ئىبنى ھەزمى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پۈتىغا كىيىدىغان ئاياغ ھوشۇقنى ياپمايدىغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا مەسىھ قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

بۇ ئەۋزائىينىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇ كىشىدىن مۇنداق بايان قىلىنغان: ئېھراملىق كىشى ھوشۇقىنى ياپمايدىغان ئاياغقا مەسىھ قىلىدۇ، باشقىلار پەقەت پۈتىنىڭ ھوشۇقىنى ياپىدىغان ئاياغقا مەسىھ قىلىدۇ.

ئىبنى ھەزمى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆتۈك ـ مەيسىلەرگە مەسىھ قىلىشقا بۇيرىغان ۋە ئۆزىمۇ پايپاققا مەسىھ قىلغان». ئەگەر بۇ مەسىلىدە بايان قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىمە ياكى كۆرسەتمە بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنى چالا قويمايتتى ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىماي بايان قىلىپ بىرەتتى. ئۆتۈك، مەيسە، پايپاق قاتارلىق پۈتىغا كىيىدىغان ھەر قانداق نەرسە بولسا ئۇنىڭغا مەسىھ قىلىش دۇرۇس بولىدۇ». ["ئەل مۇھەللا" 1-توم 336-بەت].

تۆت مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ بىر مەسىلىگە ئىتتىپاق كەلگەنلىكىنى بۇنىڭغا ھەممەيلەن بىرلىككە كەلدى دېگەن ئىپادىنى بىلدۈرمەيدۇ، شۇنىڭدەك توغرا يول تۇتقۇچى تۆت خەلىپىنىڭ بىر مەسىلىگە ئىتتىپاق كېلىشمۇ ھەممەيلەننىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن كېيىنكىلەرنىڭمۇ بىرەر مەسىلىدە ئىتتىپاققا كېلىشىمۇ بىرلىككە كەلگەنلىك ھېسابلانمايدۇ.

شەيخ مۇھەممەد ئەمىن شەنقىتي رەھىمەھۇللاھنىڭ: "ئۇسۇل پىقھىنىڭ مۇزاكىرىسى" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق كەلگەن: "كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىغا كۆرە، بىر دەۋرىدە ياشىغان نۇرغۇن ئالىملارنىڭ بىر مەسىلىدە ئىتتىپاققا كېلىشى [ئىجما] بىرلىككە كەلگەن بولمايدۇ. ئىبنى جەرىر تەبەري، ئەبۇ بەكىر راۋى قاتارلىقلار بىر ياكى ئىككى كىشىنىڭ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ بىرلىكىگە قارشى كېلىشى ئۇلارنىڭ بىرلىكىگە تەسىر كۆرسەتەلمەيدۇ. ئىمام ئەھمەدمۇ بۇنىڭغا ئىشارەت قىلغان، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ دەلىلى: ئېتىبارغا ئىلىش ئۈممەتنىڭ بارلىق ئالىملىرىنىڭ بىرلىكى بىلەن بولىدۇ، چۈنكى خاتالىق ـ ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىنىش دېگەن كۆپچىلىكتە بولىدۇ، بەزىلەردە بولمايدۇ. باشقا ئالىملارنىڭ دەلىلى بولسا: ھەر ئىشتا كۆپلۈك ئېتىبارغا

ئېلىنىدۇ، ئازلىق ئەمەلدىن قالىدۇ". ["ئۇسۇل پىقھىنىڭ مۇزاكىرىسى" 1-توم 156-بەت].

يەنە مۇنداق كەلگەن: "كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارشىدا: توغرا يول تۇتقۇچى تۆت خەلىپىنىڭ بىر مەسىلىگە ئىتتىپاق كېلىشىمۇ ھەممەيلەننىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، توغرىسى، ئۇ بىرلىككە كەلگەن (ئىجما) ئەمەس بەلكى دەلىل ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بىرلىككە كەلگەن (ئىجما)دېگەن پەقەت ھەممەيلەننىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن بولىدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش: ئالقاننىڭ تۆگەنجىسىدىكى بوغۇم بولسا قولنىڭ بېغىشى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىبنى قۇتەيبەنىڭ "يازغۇچىنىڭ ئەدەپلىرى" 1-توم 31-بەتتىن ئېلىندى.

ۋائىل ئىبنى ھۇجىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ قانداق ھەيئەتتە ناماز ئادا قىلىدىغانلىقىنى ئېسىمدە تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىزىغا قارىدىم، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرۇپ ئىككى قولىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ باراۋېرىدە كۆتۈرگەچ تەكبىر ئېيتتى، ئاندىن ئوڭ قولىنى سول ئالقىنى، بېغىشى ۋە بېلىكىنىڭ ئۈستىگە قويدى...». [نەسائى رىۋايىتى 879-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.